# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى توپلىمى




ماتېرىيال مەنبەسى: قارا ھىجران تورى
كىتاب ئىشلىگۈچى: پەيكار

bbs.karahijran.com

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى توپلىمى

تالانلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئابدۇراخمان ئوغلى 1901 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۇرپان شەھرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مەرىپەتلىك ئائىلە ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 5 يېشىدىلا ساۋادىنى چىقارغان بولۇپ، 12 ياشلارغا كەلگەندە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئەرەپ، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ۋە كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىئى ئوقۇشقا باشلىغان.

1916 ـ يىلى چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى سودا بىلەن روسىيىگە بارغاندا، ئۇمۇ بىللە بېرىپ، روسىيىنىڭ شەمەي(ھازىرقى سىمپىلاتىنسكى) شەھرىدە رۇس تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ. تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە تۇرپان يېڭى شەھەردىكى شۆتاڭغا كىرىپ خەنزۇ تىل يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپنى تاماملايدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇپلا قالماي، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدىمۇ مۇئەييەن ساۋاتقا ئىگە بولىدۇ. ئەينى دەۋرىدە ئۇ دوست بۇرادەرلىرىگە خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ « سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانلىرىنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە سۇن جوڭشەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، دېموكراتىيىگە نىسبەتەن تونۇشىنى ئۆستۈرگەن. ئەنە شۇ مەزگىللەردىلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىدىيىسىدە فېئوداللىق كونىلىققا، خۇراپاتلىققا ۋە نادانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىلىم ـ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق جەمىيەتنى ئۆزگەرتىش غايىسى تۇغۇلغان.

1923 ـ يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە 2 ـ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، يەنە 3 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ پوشكىن، لېرمونتوۋ، تولوستوي ۋە گوركى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ رۇس ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشىدۇ. شۇنداقلا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. 1926 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپلا يېڭىچە ئىلىم ـ پەننى تەرغىپ قىلىپ، خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن گېزىت جۇرنال نەشر قىلىشقا ھەرىكەتلىنىپ، تۇرپاندا باسما زاۋۇتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن ئەكسىيەتچى، مىللەتارىس ياڭ زىشىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپان ئاستانىدىكى مەخسۇت مۇھىتى، پىچانىدىكى ئىسكەندەر خوجا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن 1927 ـ يىلى«ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نامىدا بىر مەرىپەت جەمىيىتى قۇرۇپ، ئىئانە توپلاپ تۇرپان يېڭىشەھەردىكى نىياز سەيپۇڭ دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا بىر يېڭى مەكتەپ، كېيىنكى يىلى يېڭىشەھەر ئاق سارايدا«ھۆرىيەت مەكتىپى»، كونا شەھەر

جەنۇبىي قۇۋۋقتا يەنە بىر مەكتەپ ئاچىدۇ.

بۇ دەۋردە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى چوڭقۇر سىياسىي مەزمۇن، ئۆتكۈر ئىسيانكارلىق سادالىرى ھەتتا ئەينى دەۋردىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ھۆكۈمەت ئۇنى شېئىر يېزىشتىن، خەلقنى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشتىن چەكلەيدۇ.

ئۆز غايىسى يولىدا تېز پۇكمەس روھقا ئىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1932 ـ يىلى 11 ـ ئايدا«ئويغان»، «ئاچىل»دېگەن شېئىرلىرىنى ئاق رەختكە چوڭ خەتلىك قىلىپ يېزىپ، كوچىلارغا چاپلاپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ھەيۋىسىگە تاقابىل تۇرىدۇ.

1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا تۇرپان ۋە قۇمۇلدا دېھقانلار زۇلۇمغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا بارغان شىڭ شىسەي 1933 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە قايتىشىدا تۇرپانغا كەلگەندە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە سەبدىشىنى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەنىۋى تەرغىباتچىسى دەپ قاراپ تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. جاللات شىڭشىسەي 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۇنى سەبداشلىرى بىلەن قوشۇپ تۇرپان شەھىرىنىڭ يېڭى شەھەر قازىخانا مەسچىتىنىڭ ئالدىدا قەتلى قىلىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بويىنغا قىلىچ تەگلەنگەندىمۇ دۈشمەنگە باش ئەگمەي، باتۇرلارچە كۆكرەك كېرىپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلەيدۇ. بويىنغا قىلىچ ئۇرۇلغاندا «ياشىسۇن ئەركىنلىك!»، «ياشىسۇن ئازادلىق!» دەپ ياڭراق شۇئار توۋلاپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ.

# ئويغان

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

ئەي پېقىر ئۇيغۇر،ئويغان،ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق،ئەمدى كەتسەجان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ سېنىڭ ھالىڭ خەتەر،ھالىڭ خەتەر.

قوپ،دېدىم،بېشىڭ كۆتۈر،ئۇيقۇڭنى ئاچ،
رەقىبىڭ باشىنى كەس،قانىنى چاچ.
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،

ئۆلسەڭ ئارماندا،بىركۈن نائىلاج.

ھېلىمۇ جانىسزغا ئوخشايدۇ تېنىڭ،
شۇڭا يوقمۇ ئانچە ئۆلۈمدىن غېمىڭ.
قىچقارسام قىمىرلىمايلا ياتسەن،
ئويغانماي ئۆلمەكچىمۇسەن شۇپېتىڭ؟!.

كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،
ئۆزئىقبالىڭ ھەققىدەئويلا ،ئۇزاق.
كەتسەقولدىن بۇغەنىمەت پۇرستى،
كىلەچەك ئىشىڭ چاتاق،ئىشىڭ چاتاق.

ئېچىنىپ كۆڭلۈم ساڭائەي ئۇيغۇررۇم،
سەپىدىشىم قېرىندىشىم،بىرتۇققىنىم.
كۆيۈنۈپ ھالىڭغا،ئويغاتسام سېنى،
ئاڭلىمايسەن زادى،نىمە بولغۇنۇڭ؟.

كېلىدۇ بىركۈن پۇشايمان قىلسەن،
تەكتىگە گەپىڭ شۇچاغدا يېتسەن.
«خەپ!»دىسەڭ ئۇچاغدا ئۆلگورمەي قالسەن،
شۇندا ئۇيغۇر سۆزىگە تەن بېرسەن.

1921-يىل، تۇرپان

# ئۈمىد تەبەسسۇمى

ھاي سەتەڭ بالىخان،
سەنمۇ سەن جانان،
كىمدۇر بىلەمسەن،
ئوتتۇڭدا يانغان.

ئوتلارنى سالدىڭ،
جانلارنى ئالدىڭ.
زېرىككەن چاغدا،
ئۇيقۇغا تالدىڭ.

نازىڭ ياراشۇر،
قىزلار قاراشۇر.
ئۆتسە يىگىتلەر،
ئۆيدە تالاشۇر.

بىر كۈنلەر بولۇر،
گۈللەر ئاچىلۇر،
ئۇيغۇرنىڭ ئەيىبى ،
شۇندا يايىلۇر!

# نەقىلاي
## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

دوستلىرىم،يورۇمىغان زۇلمە زامانىنى نە قىلاي،
باسقىلى بولماس تىكەنلىك بۇ زامانىنى نە قىلاي.

چەرخى گەردۇن تەسكىرى بىلمەك كېرەك يارانلىرىم،
تەسكىرى چەرخلىق بولۇپ قالغان زامانىنى نەقىلاي.

ئەي پەلەك،ساڭا قاراپ چەرخ ھەم تەتۈر بولدى راۋان،
يول تۇتۇپ يۈرەلمىگەن قارىغۇ زامانىنى نەقىلاي.

نەە بارساڭ بارچىنىڭ ئاغزىدا دەردى بار ۋەتەن،
ھاردۇقى،تىببى يوق،دەرتلىك زامانىنى نە قىلاي.

سۆزلىگەندە ئۇشبۇ كۈندە بارچە خەلق ئاغزىدا بار،
سۆزلىسەم قەلبلىرى پارچە يارانىنى نە قىلاي.

بۇلبۇل بىلەن قاغىنى بىل پەرق قىلماس ھېچكىشى،
بۇلبۇلى بىچارىگە زىندان جاھانىنى نە قىلاي.

# ئايرىلمىغىل
# (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

ھىممىتىڭدىن،غەيرىتىڭدىن ئول،ۋەلىكىن قايرىلمىغىل،
ھەقلىقىن بىلگەن يولۇڭدىن جانىنى بەرۋەلىكىن قايرىلمىغىل.

مائىنىڭ كۆپ بولسىمۇ،قورقماي ئۇرۇپ ئالدىڭغا باس،
تاغۇتاش،دەريا ئۇلۇغ سۆزلەرگە سەن تاڭ قالمىغىل.

ئات ئۆزۈڭنى بەھرىگە،ياغەرىق بول،تاپ گۆھەر،
شىرنە يولۋاس كەبى باسقان ئىزىڭدىن يانمىغىل.

تۆت تەرەپ ياۋ ھۇۋلىشىپ،سەككىز تەرەپ تىغ كەلسە،
ئېلىشىپ قانغا بويال،نومۇسنى ھەرگىز سانمىغىل.

كىمكى ھەق يولغا قەدەم قويسا ئۇتۇق مۇتلەق شۇنىڭ،
بۇنىچۇن بولغاي كىيىن دەپ،يوق خىيالغا قالمىغىل.

سەن ۋەتەن-مىللەت دىسەڭ، تارىختا نامىڭ قالغۇسى،
بول جەسۇر،ئالى نىشان،كۆلچەك-بۇلاقتا قانمىغىل.

ئابدۇخالىقنىڭ سۆزىن سەن بىئىتىبار بىلىپ، ،
ئۇشبۇ ۋىجدانىنى كېيىن پۇتمەس ئازاپقا سالمىغىل.

# ئۈچ شېئىر
# (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

## 1

ئادىمى ئالماشتىيۇ،يولى،تۈزۈك ئالماشمىدى،
جىن دېگەننىڭ ئىشلىرى مىسقالچىمۇ قاملاشمىدى.

ياڭ ئۆلۈپ تاپتى لەھەت،بولمامدىكەن جۇمھۇرىيەت،
بەرمىسە جۇمھۇرىيەت بۇ ئىشلىرى قاملاشمىدى.

ئېتى جىننىڭ ئۆزى جىن،جىننىڭ كۆنى بولغاي قىيىن،
ئېتىبارى بىر تىيىن،قىلغان ئىشى قاملاشمىدى.

ئابدۇخالىق نەررە تارت،ئەنە قالقان،ئەنە ئات،
ئۇخلاپ يېتىش بەك ئۇيات،جىننىڭ ئىشى قاملاشمىدى.

1928-يىلى

## 2

ھىممىتىڭدىن،غەيرىتىڭدىن ئۆل،لېكىن ئايرىلمىغىل،
ھەقلىقىن بىلگەن يولۇڭدىن جاننى بەر،قايرىلمىغىل.

مانىئىڭ كۆپ بولسىمۇ،قورقماي ئۈزۈپ ئالدىڭغا باس،
تاغۇ-تاش،دەريا ئۇلۇغ سۆزلەرگە سەن تاڭ قالمىغىل.

ئات ئۆزۈڭنى بەھرىگە،يا غەرق بول،يا تاپ گۆھەر،
شىرنە يولۋاس كەبى باسقان ئىزىڭدىن ھېچ يانمىغىل.

تۆت تەرەپ ياۋ ھۇۋلىشىپ،سەككىز تەرەپ تىغ تەڭلىسە،

ئىشىپ قانغا بويال،نومۇسنى ھەرگىز ساتمىغىل.

كىمكى ھەق يولغا قەدەم قويسا ئۇتۇق مۇتلەق شۇنىڭ،
بۇ نېچۇك بولغاي كېيىن دەپ،يوق خىيالغا قالمىغىل.

سەن ۋەتەن،مىللەت دېسەڭ،تارىختا نامىڭ قالغۇسى،
بول جەسۇر،ئالىي نىشان،كۆلچەك بۇلاقا قانمىغىل.

ئابدىخالىقنىڭ سۆزى دەپ ئېتىبار قىلماي قىلىپ،
ئۇشبۇ ۋىجداننى كېيىن پۈتمەس ئازابقا سالمىغىل.

1929-يىلى

# 3

قانچىلار يىتاسا بۇلۇڭدا ئارىسىز ئەپيون شوراپ،
قانچىلار شوپاڭدا ئىچسە مەست بولۇپ خەمرە-شاراب.
ئەي چىراغۇ،ئەي ھاراق،بارمۇ نومۇس،بەرگىل جاۋاپ؟
سەن بىلەن بولمامدىكەن،بۇ ھالىمىز زەبۇن،خاراب؟

كەلدى دەپ مېھماننى ئاڭلاپ،ۋاي ئىسست كەپقالغىنىم،
ماڭا ئۆلۈم بۇ ھارامغا تەڭ شېرىك بوپقالغىنىم،
تۇرغىنىمدىن ياخشىراقتۇر،ئۆيگە كېتىپ قالغىنىم،
ئابدۇخالىق ئۆلتۈرۈپ،ھېچ تاپمىغاي مۇندا ساۋاب.

# باغ ئارا سەيلە قىلىپ
## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

باغ ئارا سەيلە قىلىپ،
بىر دەستە گۈل تاللىدىم.
دەستە گۈللەر ئىچىدىن،
بىر قىزىل گۈل تاللىدىم.

سايرىدى نەچچە بۇلبۇل،
خۇشلىنىپ،خۇشلاندۇرۇپ.
شۇنچە بۇلبۇل ئىچىدىن،
بىرلا بۇلبۇل تاللىدىم.

تاللىغىنىم گۇل ئەمەس،
سۆيگەن گۈزەل يارىم مېنىڭ،
بۇ گۈزەل يارىم ئۈچۈن،
بولسۇن پىدا جانىم مېنىڭ.

# يېقىن بولدى
## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

ھاۋا ئۆزگەردى ئەي دوستلار،بىلەمسەن قايسى چاغ بولدى؟
ئۇزۇن ياز مەۋسۇمى ئۆتتى،بۇ زالىم قىش يېقىن بولدى.

تېخى ئۇخلاپ ئاچالماي كۆز،ياتۇرسان نىمە بولغاندۇ؟
ئايا ئىخۋان يىقىندۇر قىش،يىقىن بولدى يېقىن بولدى.

ياتۇرسەن ئۇيقۇ غەپلەتتە،ئۆلۈكتەك قىمىرلىمايسەن ھىچ،
تەۋەككۈل ۋاقت ئۆتتى،ئىشلىمەس كۆنلەر يېقىن بولدى.

سىلىپ ئالۋاڭ يېغىپ كەتسە،تېپىش پاختا بولۇر مۇشكۇل،
ھىلىھەم كەتتى تۈ،ئېرخۋا كېتىش،سەنخۋا يېقىن بولدى.

ھارارەت بەرمىگەي سەنخۋا،لېكىن جايغا بولۇر دالدا،
قويۇڭلار!بۇنىڭ كېتىشى ھەم يىراق ئەمەس يېقىن بولدى.

قويۇڭلار ئەي بۇرادەرلەر،ئۆلۈشكە بارمۇ مەيلىڭلار،

كىرىشكە ئاز قالدى تۇ،ئېرجىيۇ كىرىش،سەنجىيۇ يېقىن بولدى.

ئىشتمەيسەن بۇرادەرلەر،قۇلاق پەردىسى ساقمۇ؟
كىكىردەك جىق قىچقىرىپ،يىرتىلىشقا ھەم يېقىن بولدى.

# ئاچىل
## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

گۈلۈم ئاچىلاي دەيدۇ،
باشقا سانچىلاي دەيدۇ.
يارىمنىڭ يۈرەك ئوتى،
تەنگە يامشاي دەيدۇ.

يارىم ماڭا ناز قىلۇر،
كۈلۈپ مېنى مەست قىلۇر.
يار قەدرىنى بىلمەيسەن،
زېمىستاننى ياز قىلۇر.

يار دەردىدە خۇن بولدۇق،
تۈگمەنلەردە ئۇن بولدۇق.
قورقۇنچۇڭدىن قاتتىق تاش،
بىرلىشەلمەي قۇم بولدۇق.

ياش تەلەپلەر ئۇخلاشما،
يار يولىدا پۇتلاشما.
يارىم ئۈچۈن جان پىدا،

قەدىمىڭگە مىڭ تىللا.

غەيرەت گۈلۈم ئاچىلغىل،
ھىممەت يولۇم ئاچىلغىل.
يارىم ئۈچۈن بەرسەم جان،
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم.

## ھار
## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

ئوت ھارۋىسى ياكى ھاۋا كېمە بىلەن،
يول يۈرۈش يۈرمەك،يولنى تاپقىنىڭكى.

چۆل ئارا غىچىڭلىتىپ،يول ئۈستىگە تىنماي سىيىپ،
ئارقىدا قالماق ھارۋىغا كالا قاتقانىڭكى.

مەرىكىدە كىيگىلى بولماس،لېكىن ئۇ ئۇبدان نىمە،
خىزمىتى چوڭدۇر ھەجەپ،تونلاردە بۇ يوتقانىڭكى.

ھاكىمى مۇتلاق بولۇپ،پارا يەپ،يەمبۇ قويۇپ،
ئەينى توڭگۇزدەك سەمرىمەك،يامۇلدا ئولتۇرغانىڭكى.

زۇلۇمغا مەھكۇم بولۇپ،باش ئۇرۇپ،قول قوشتۇرۇپ،
نېمە دېسە راست دېمەك،قۇللۇقتا قالغانىڭكى.

ۋەزنى يېرىم پۇڭ ئەمەلگە مىنىپ،سىغماي تېرىگە،
ئەلنى سالماق پېرىگە،يالاقتا جان باققانىڭكى.

ئىلىم-پەنگە يول ئېچىپ،جەۋلان قىلىپ نۇر چېچىپ،
يايرىماق كۆكرەك كېرىپ،تەدبىر-ئەقىل تاپقانىڭكى.

پەنگە قارشى كاپشىماق،خۇددى ئىتتەك ھاۋشىماق،
خارۇ زەبۇن ياشىمان، تەرسا-تەتۈر نادانىڭكى.

تۆۋبە-تەقسىر ئوقوشۇپ، كانايدىن ئالسا قورقۇشۇپ،
ئەستاغپىرۇللا ئوقۇش،ئالۋاستى باسقانىڭكى.

ئۇيغۇرا كۆپ سۆزلىمە،جاھىلنىڭ بەختىن كۆزلىمە،
ھەق تېپىلماس بۇ جاھاندا،ھەممە ئىش يالغانىڭكى.

# پەرزەنت

## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

بۇ شېئىرنى شائىر ئۇچىنچى بالىسى ئۆلۈپ كەتكەندە يازغان شېئىر.

غۇنچە گۈلنىڭ سەنئىتىدۇر،
پەرزەنت كۆڭۈلنىڭ.
پەرزەنت بىلەن ئاچىلىدۇ،
كۆڭلى مەلۇلنىڭ.

پەرزەنت ئۆزى جان قۇشىدۇر،
بىگۇمان،بىشەك.
يىپ ئۈزۈلسە تۇرالامدۇ
ئاسماندا لەگلەك؟!

باھار بولسا،سايرىشىدۇ
خۇشال بۇلبۇللار.
پەرزەنت بىلەن ياشنىشىدۇ
غەمكىن كۆڭۈللەر.

پەرزەنت ئۆزى خۇدايىمنىڭ
زور ئىلتىپاتى.
پەرزەنت بىلەن مەللەر دائىم
كىشى ھاياتى.

سالما پەرزەنت ئىككى دۇنيا
كىشىگە رەھمدەم،
پەرزەنت كۆلسا يۇيىلار
كۆڭۈلدىكى غەم.

# ئارزۇ-ئارمىنىم مېنىڭ
# (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

يار ۋەسلىگە يېتىشتۇر،
ئارزۇ-ئارمىنىم مېنىڭ.
بولغۇسى بىر كۈن نېسىپ،
دەردىمگە دەرمانىم مېنىڭ.

نا ئۇمۇد ئوغلان ئەمەسمەن،
مىڭ جاپا چېكسەممۇ گەر.
ھۆرلۈكىن تاپماق ۋەتەننىڭ،
ئاھۇ ئەپغانىم مېنىڭ.

ئىستەكىڭ يورۇتقۇسى،
ئۇيغۇر سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ.
غايىلىك مەقسەت نىشان،
شۇلدۇر شەرەپ شانىم مېنىڭ.

ئابدۇخالىق بولما روھسىز
دەپ يۈرۈپ قىدىم قەسەم.
كەتسىمۇ باش بۇ يولۇمدا،
ئاقسىمۇ قانىم مېنىڭ.

## لەنەت ساڭا زالىملار
## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

تۇمەن لەنەت ساڭا خەلقتىن،
قان ئىچكۈچى ۋەھشىي زالىملار.
گۇناھسىز خەلقنى قىرغان،
ۋە يىرتقۇچ ۋەھشىي زالىملار.

تىنچ ياتقان پىقىر-پۇقرا،
سەبىي مەسۇم ئوغۇل-قىزنى.
ئىچىپ قاننى ئاپەتلەر،
چاچقۇچى ۋەھشىي زالىملار.

## رۇبائىي ۋە پارچىلار
## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

ئاياغ--قوللارنى مەھكەم--
باغلىمىش ئارغامچىنى قاتلاپ،
تىرەن يار چېتىگە كەلتۈردى،
چۈشسۇن دەپ ئاياغ ئاتلاپ.

***

سەن ئۆلۈك دەمسەن مېنى،
مەن ئۆلمىدىم تېخى تىرىك.
بىر مىسالى بار:<ئىشەنگەن-
تاغ ئارا ياتماس كىيىك.>

سەن ئىشەنگەن تاغلىرىڭ،
پايدا بەرمەيدۇ ساڭا.
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن،
زارى يىغلايسەن ماڭا.

***

نېچۈك ئەھۋالدىدۇرمىللەت،
ئۇيغۇر ئەۋلادى ئېچىلىڭ كۆزنى.
قىلىڭ غەيرەت،قىلىپ ھىممەت،
قوپۇڭ،تاشلاپ قۇرۇق سۆزنى.

قىلىپ تاقەت زېلىل خارلىق،
يېتىپ كەلدۇق بۇ چاغلارغا.
كېلىپ ياتلار ئىگە بولدى،
قىلىپ زورلۇق ئۇ تاغلارغا.

# چىراغ
# (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

تۈننى كۈندۈزدەك قىلۇر خۇددى گۆھەر بۇ چىراغ،
نۇرىنى ئالغان قۇياشتىن نۇرى جەۋھەر بۇ چىراغ.

قاپقاراڭغۇ تۈندە نۇرىنىڭ مەنبەئىدۇر بۇ چىراغ،
تۈندە يول تېپىپ مېڭىشنىڭ مەشئەلىدۇر بۇ چىراغ.

تۈندە قەلەم تۇتقىلى بولماس يوقالسا بۇ چىراغ،
قانچە يازسام شۇنچە قاينار،دەرد تېگىدىن ئىشتىياق.

ئابدۇخالىق كۈن-تۈنى ئۇيقۇدىن بىدارسەن،
خۇددى بىر پەرۋانىسەن، كەتمە ھامان نۇردىن يىراق.

## سېغىنىش
## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

ئەي پەرى سەن كەتكىلى بولدى قاراڭغۇ بۇ جاھان،
مېنى يالغۇز مۇندا تاشلاپ، ئاھ، ئەجەپ قىلدىڭ يامان.

كەتمىدى كەتكەندىكى كۆز بېقىشىڭ، قاش قېقىشىڭ،
ئىختىيارسىز مەن ئۇزاتتىم ،نائىلاج بولدۇم راۋان.

مەن ئۇزاتقاندا يەردە تۇردۇم، سەم كۆزۈمدىن يىتكۈچە،
سەن يوقالغاچ ئايلىنىپ باش، يەر بولدى گويا ئاسمان.

يىغلىغانغا يانمىدىڭ، ئەسلا يېشىمغا باقمىدىڭ،
خەت-خەۋەرمۇ بەرمىدىڭ ئەي پەرى بولدۇڭ قايان؟

يول يىراق، يوق ۋاستە دەپ بىكار باھانە ئەيلىمە،
ئۇڭمىزدا بولمىسا، كەلگىل چۈشۈمدە قىل بايان.

<كۆرۈنگەن تەغ يىراق ئەمەس>ئابدۇخالىق كۈت ئۈمۈد،
سېغىنغانىڭ كېلىدۇ، سۈزۈلۈر شۇندا جاھان.

## قايدىسەن!
## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

ئەي،ماڭا ئوتلار سېلىپ،ئەقلىمنى ئالغان قايدىسەن؟
بېشىمغا غەم ياغدۇرۇپ.كويلارغا سالغان قايدىسەن؟

بارمىدى يا بىر ئۆچۈك،يالغۇز ماڭا يەتتى كۈچۈڭ،
يوقلىمايسەنغۇ كېلىپ،تۈنلەردە بالىجان قايدىسەن؟

بۇ جاھان تار كەلدىمۇ،ھەمراھ بولۇش ھاركەلدىمۇ،
دەردى دەۋران ئۈستىگە ئىشقىڭنى قوشقان قايدىسەن؟

سەنسىز زۇلمەتتۇر بۇ جاھان،نۇر ئېمەر سەندىن قاچان،
سەن ئۈچۈن تىكلىدى جان،بولمامسەن قالقان،قايدىسەن؟

## مۇھەببەت ئىشقى
## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

سەن-سەن يۈرەككە ئوتلارنى سالغان،
ئەقىل-ھوشۇمنى سۆز بىلەن ئالغان.
مۇھەببەت سازىن خۇش ئاۋاز چالغان،
باقمامسەن قىيا،ۋار سەنەڭ بالىخان.

چىنمىدى-يالغان،جاۋاپ بەر ئۆزۈڭ،
ياغدەك ياراشۇر ھەسەلدەك سۆزۈڭ.
جانلارنى ئالغان بۇلاقتەك كۆزۈڭ،
سەندۇرسەن مېنىڭ بەخت يۇلتۇزۇم.

دەردىڭدە كۆڭۈل ھەر كۈنى غەمدە،
ئىسىت،گۈل ئۆمرۈم ئۆتمەمدۇ غەمدە.
كەبەڭگە بېقىپ،كۆزدىن ياش ئېقىپ،
ساقلارمەن جانىم ھەر بىر قەدەمدە.

قىلغىن ئىلتىپات، كۆرمە بىزنى يات،
ھالىم خەتەردۇر يېتىشكىل پات-پات.
كۆرۈپ بۇيۇڭنى، سۆيدۈم خۇيۇڭنى،
كۆيگەن يۈرەكنى ئەيلىگىن بىر شاد.

تۈنلەردە دائىم تاتۇرمەن ۋايىم،
دەردىڭ قىلىپتۇر دوزاخنى جايىم.
كۆيدۈم، كۈل بولدۇم، سۆيدۈم، قۇل بولدۇم،
كەلتۈر يادىڭغا بىزنى ھەم جانىم.

سەن بىر قىزىل گۈل، شائىرىڭ بۇلبۇل،
تۈنلەردە سايرار دەردىڭدە غۇلغۇل.
بىزنى ئۇنۇتما، گۈلنى قۇرۇتما،
ئۇيغۇر بىچارە بولدى ساڭا قۇل.

# ياز تۈنى

## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

ياز كۈنى كۈندۈز قىززىق، بولغاي ھاۋا ئىسسىق ۋە تار،
ھەر كۈنى ئاخشامنى كۆپ جان خالىغاي بىئىختىيار.

كېچە ھەر كىم ئۆگزىسىدە تاغ شامالىغا قاراپ،
<كەل، جېنىمنىڭ راھىتى>دەپ تەلمۈرەر بەك ئىنتىزار.

كۆك يۈزى ساپ، ئاندا يوق تاب، بارچە يۇلتۇزلار يېقىن،
شۇل يىراقتىن خوپ يېقىنلاشقانغا ئوخشاش پارقىرار.

ھەر كىشى بۇ خۇش ھاۋا ئاستىدا خۇشالىق ئىلە،
گەپلىشىپ ياندا يولداشى بىلەن كۆڭلىن ئاچار.

بار مەگەر شائىر غېرىپ، يالغۇز ياتۇر كۆككە قاراپ،
كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار....

# خەير، كۆرۈشەرمىز!

## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

ۋادەرىخا، كەتتى ئۇ جانىم مېنىڭ جاننى ئېلىپ،
ئۇ كېتەردە مەندە جان قايدا، ياغاچ بولدۇم قېتىپ.

جادۇ كۆز گۈل كىرپىكى بىرلە يۇرەردە بىر قاراپ،
تاش كۆڭۈلنى قوغۇشۇندەك ئېرىتىپ قىلدى خاراپ.

مەنىلىك سىرلىق قاراپ:<بولغىن ئامان يارىم>دېدى،
<مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن سېنىڭ بىلەن يادىم>دېدى.

نائىلاج مەنمۇ دېدىم:<بولسۇن مۇبارەك بۇسەپەر،
تاكى جايىڭغا يېتىپ بارغۇچە يوللار بىخەتەر.>

ئاق بىلەك گەدەنگە چەمبەر، بىرلەشتى ھەر ئىككى تىنىق،
ئالما، ئانار بولدى بىر جۈپ، ئۆپتى تويغۇچە يېنىپ.

<خەير، كۆرۈشەرمىز>دېيان، ئايرىلىشتۇق نائىلاج،
ئۇيغۇر يوقاتتى ئېسىنى، دېدى: بەختىم زادى كاج

# ئايلىناي

## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

بىر كۆرۈپ ئىككى كۆزۈڭدىن ،
ئۈچ بېشىڭدىن ئايلىناي.
تۆت كۆرۈپ قانداق چىداي،
جاندىن كېچىپ بەش ئايلىناي.

ئالتە كۆرسەم مەن بۈيۈڭنى ،
يەتتە تۈرلۈك دەرد بىلەن .
سەكرىبا سەككىز بېرىپ ،
توققۇز بېشىڭدىن ئايلىناي.

ئون قېتىم كۆرسەم بۈيۈڭنى ،
مەن يۈگۈردۈم ئاھ ئۇرۇپ.
ئوتتۇز ئەيلەپ مەن پىغان ،
قىرىق بېشىڭدىن ئايلىناي .

بولسا دۈشمەن ئەللىك ـئاتمىش،
مەنكى مەن بىچارىگە .
قىلسا سەكسەن پارە مەن ،
توقسان بېشىڭدىن ئايلىناي.

يۈز كىشى دۈشمەن بۇلۇپ ،
گەر ئىككى يۈز تۇرسا قاراپ.
ئۈچ يۈز ئەيلەپ مەن پىغان ،
تۆت يۈز بېشىڭدى ئايلىناي.

باشىمە بەش يۈز قىلىچ ،
گەر ئالتە يۈز تىغ تەڭلىسە.
يەتتە يۈز پەرياد ئۇرۇب ،
بىر مىڭ بېشىڭدىن ئايلىناي.

# كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس
## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

مەنزىلى مەقسەت ئۇزاق، تېز ماڭمىدى مىنگەن ئۇلاق،
تاش قۇراملىقتا مېڭىپ، ئاقساپ يامان بولدى ياداپ.

ئازغىنە بىر ئىستىرھەتنى قىلاي ھاسىل دىسەم،
ھېچ ئارام بەرمەس ماڭا تۆت تەرەپتىن ئىت قاۋاپ.

گاھى ئوخشارمەن موھت ئاتلىسدا بىر كىمىگە،
تاغ كەبى دولقۇن ئىچىدە خەس كەبى ھالىم خاراب.

بىر چوكۇپ بىر چىقىمەن، تۇنجۇقۇپ بىر تىنىمەن،
كۆرۈنەر ساھىل قاچان، دەپ كۆزلىرىم كەتتى قاماپ.

ھەققە باغلىدىم دىلىمنى، ئىشقا سالالماي تىلىمنى،
زوقلىنىپ سوقۇر يۈرەك، مىڭ پارە قىلسىمۇ چاناپ.

جان ئۇلۇم خەۋپىدە قالدى، كۆزلىرىمدىن ياندى ئوت،
ئۆلمىسەم غازى ئەگەر، ئۆلسەم شىھىتلەردىن ھېساپ.

ئېقى ئاق، قارىسى قارا، ھەرگىزمۇ ئاق بولالماس قارا،
ئاجىرىسۇن مىستىن تازا ئالتۇن كۆيۈپ ئوتتا چىداپ.

كۆرگۈلىكنى كۆرگۈلۈك، يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاپ.

# ئۇيغۇرقىزى
## (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

ئەي قەمەر قارىشىڭدا مەن ھەيرەتتە قالدىم ئۇشبۇتۇن،
ماھى رۇخسارىڭ سېنىڭ ئون تۆت ئىكەن تولغان بۇكۈن.

ئول قۇياش تارلىق قىلىپ ،چاچقانى راست ئوخشايدۇ ياغ،
شۇل سەۋەبتىنمۇ يۈزۈڭدە بار ئەجەب يۈتمەس بۇ داغ.
ئۇشبۇ داغدىن گۈل يۈزۈڭگە يەتمدى ھېچبىر زەرەر،
بۇ ئەسەر بىرمەڭ بولۇپ ، ھۆسنىڭنى ئارتتۇردى مەگەر.

بىر قاراشتا گۈل يۈزۈڭگە ئاشىق بولدۇم بىقارار،
ئوخشىغان نەركەس كۆزۈڭ خۇددى ئېلىكتىر يالتىرار.

لەۋلىرىڭ قېنى ئانار رەڭگىدىنمۇ ياخشىراق،
چىشلىرىڭ چىن ئۈنچىدىن، تىللىرىڭ مەھبۇبراق.

قاشلىرىڭدۇر يېڭى چىققان ئەينى شەۋۋالنىڭ ئېيى،
سېنىڭ ئالدىڭدا باراۋەردۇر گادا، شاھۇ-بېيى.

سېھىرگەر گۈل، كۆزگە ساقچى، كىرپىكىڭ بىر نەيزىدۇر،
ھەر قاراشىڭدا كېلىپ نەيزەڭ يۈرەكنى ئېزىدۇر.

ساچلىرىڭ رەقىبلىرىڭ كۆڭلى كەبى بىر سىر قارا،
ئەۋرىشىمدەك يەلپۈنۈپ سالدى كۆڭۈلگە جىق يارا.

قوللىرىڭنىڭ ئاقلىقى، سۆزۈكلۈكىدىن نۇر چىقۇر،
بۇ قوپال قولۇم بىلەن تۇتسام قولۇڭغا، ھۈرچىقۇر.

تەنلىرىڭ ئالماسقا ئوخشاش ئاق سۈزۈك بىر شەئىلدۇر،
خېنە ياققان تىرنىقىڭ مىسلى بەدەھشان لەئىلدۇر.

بويلىرىڭ زىلۋالىقى سەرۋىگە ئوخشار ئەي قەمەر،
كۆرمىدىم ھېچبىر چىرايلىق ساڭا ئوخشاش بىر نەپەر.

تەۋرىنىپ كەتسەڭ ئەجەب يەلپۈنەدۇر بۇ ساچلىرىڭ،
ئىلتىپاتىڭدىن ئۈمىد ئەيلەپ ئاقۇر قان-ياشلىرىم.

قاتتى قالدى قارىغان يەردە سېنىڭ بۇ شائىرىڭ،
تىلىسەڭ قىلغىل مۇسۇلمان، تىلىسەڭ مەن كاپىرىڭ.